# 217861 ـ نامازدىن كېيىن ئۆزىدىن سۈيۈق بىر نەرسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلسا، ئۇ نامازنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟

## سۇئال

مەن ئىلگىرى كېچىك تەرەت يولىدىن سۈيۈقلۇق كىلىدىغان (سۆزنەك) كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ئىدىم، بولۇپمۇ كېچىك تەرەت قىلىش يېقىنلاشقاندا شۇنداق بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ئىككى ناماز ئۆچۈن بىر قېتىم تاھارەت ئالىمەن، ئىچ كىيىمىمنى تەكشۈرىمەن، قۇرۇپ قالغان ئاق سۈيۈقلۇقنىڭ ئىزىنى كۆرىمەن، بۇ مەن تۇيماستىن بۇرۇنلا سۈيۈقلۇق چىققانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ، بۇنداق ھالەتتە مەن ئىچ كىيىمىمنى ئالماشتۇرۇپ، شۇ ھالەتنى ئاساس قىلىپ نامىزىمنى قايتىدىن ئادا قىلىمەنمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: سىزدىن كېلىدىغان سۈيۈقلۇق نەرسە ئۆزلۈمەي كېلىدىغان بولسا، سىز ئۇنى كونتۇرۇل قىلىشقا قادىر بولالمىسىڭىز، ئۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ ھۆكمىڭىز كېچىك تەرەت توختىمايدىغان كىشىنىڭ ھۆكۈمىدە بولىدۇ، ھەر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن تاھارەت ئېلىپ ئەۋرەتكە قەغەز ياكى باشقا بىر نەرسە قويىسىز، ئۇنىڭدىن كېيىن چىققان نەرسىنىڭ تەسىرى بولمايدۇ.

شۇنىڭغا كۆرە، سىزگە كىيىمىڭىز ۋە بەدىنىڭىزنى نىجاسەتنىڭ قالدۇقلىرىدىن پاكىزلىغاندىن كېيىن قايتىدىن تاھارەت ئېلىپ ئىككىنچى نامازنى قايتىدىن ئادا قىلىسىز، چۈنكى سىزگە ھەر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن يېڭىدىن تاھارەت ئېلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

چىقىدىغان سۈيۈقلۇق مەلۇم ۋاقىتتا چىقىدىغان بولسا ياكى دائىم چىقماي بەزى ۋاقىتتا چىقىدىغان بولسا، بۇ تاھارەتنى بۇزىدۇ، ناماز ئادا قىلىۋاتقاندا چىقسا كىيىمى ۋە بەدىنىدىن سۈيۈقلۇق يەتكەن ئورۇننى يۇيۇپ تاھارەتنى قايتىدىن ئېلىپ نامازنى باشقىدىن ئادا قىلىش كېرەك بولىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى تەشۋىقات پەتىۋا كومىتېتىدىكى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: "ئەھۋال سوئالدا زىكىر قىلىنغاندەك بولسا، ئۇ كىشىدىن يەل ـ سۈيۈقلۇق داۋاملىشىپ چىقماي، بەزى ۋاقىتتا ئىختىيارسىز چىقىدىغان بولسا، نامازدا

ياكى نامازنىڭ سىرتىدا چىقسا ئۇ ۋاقىتتا تاھارەتنى قايتىدىن ئېلىش ۋاجىپ بولىدۇ". [سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى تەشۋىقات پەتىۋا كومىتېتى ئىككىنچى بۆلۈم 4-توم 256-بەت].

ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: ئىنساندىن كىچىك تەرەتتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن ھېچ سەۋەبسىز، شەھۋەتسىز، بىر نەرسىنى ئويلىماستىن ۋە بىر نەرسىگە قارىماستىن ئاق سۇيۇق نەرسە كەلسە، بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: "سوئالنىڭ ئاخىرىدا بايان قىلىنغاندەك، مەسىلىگە قارىغاندا بۇ شەھۋەت ياكى بىر ئىشنى ئويلاشتىن كەلگەن ئەمەس، شۇنىڭغا كۆرە، بۇ مەزىي ياكى مەنىي دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، بۇ پەقەت سۈيدۈك يوللىرىدىن كىچىك تەرەتتىن ئىلگىرى ياكى بەزى ۋاقىتتا كىچىك تەرەتتىن كېيىن كېلىدۇ، بۇنىڭ ھۆكمى سۈيدۈكنىڭ ھۆكۈمىدە بولىدۇ، بۇنى ۋە بۇنى يۇقۇپ قالغان ئورۇننى كىيىمدىن بەدەندىن پاكىزلاش ۋاجىپ بولىدۇ تاھارەت ئالىدۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسە كېرەك بولمايدۇ". ["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 11-توم 223-بەت].

ئىككىنچى: سىز نامازنى ئادا قىلىپ نامازدىن كېيىن سۇيۇقلۇق چىققانلىقىنى تەكشۈرگەن بولسىڭىز، بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق بولىدۇ:

ـ ئەگەر ئۇنىڭ ناماز ئادا قىلىش جەريانىدا چىققانلىقىغا ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن چىققانلىقىغا ئىشەنچ قىلسىڭىز، نامازىڭىز بىكار بولىدۇ، سىز ئىستىنجا قىلىپ كىيىمىڭىزدىن ۋە بەدىنىڭىزدىن بۇ سۇيۇقلۇق يەتكەن ئورۇننى پاكىزلاپ، قايتىدىن تاھارەت ئېلىپ نامازنى قايتىدىن ئادا قىلىسىز، ئەگەر سىز بۇ سۇيۇقلۇقنىڭ ناماز جەريانىدا چىقتىمۇ ياكى ئۇنىڭ بۇرۇنمۇ ياكى كېيىنمۇ بۇنىڭدا شەكلىنىپ، ناماز جەريانىدا ياكى نامازدىن كېيىن چىققانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىسىڭىز، سىزنىڭ نامازنى قايتىدىن ئادا قىلىشىڭىز كېرەك بولمايدۇ، چۈنكى ئەسلىدە سىز تاھارەت بىلەن نامازنى باشلىدىڭىز، شەك قىلىش بىلەن ناماز باتىل بولدى دەپ ھۆكۈم قىلىنمايدۇ.

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئىنسان نامازنى ئادا قىلىپ نامازدىن كېيىن سۈيدۈك ياكى مەزىي چىققانلىقى بىلىنسە بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق بولىدۇ: ئەگەر بۇنىڭ نامازدا چىققانلىقىغا ئىشەنچ قىلسا، ئىستىنجا قىلىپ كىيىمدىن ۋە بەدىنىدىن بۇ سۇيۇقلۇق يەتكەن ئورۇننى پاكىزلاپ، قايتىدىن تاھارەت ئېلىپ نامازنى قايتىدىن ئادا قىلىدۇ، ئەمما قاچان چىققانلىقىنى بىلمەيدىكەن، نامازدىمۇ ياكى نامازدىن كېيىنمۇ، بۇنداق ئەھۋالدا نامازنى قايتىدىن ئادا قىلىش كېرەك بولمايدۇ، يەنى بۇنىڭدا ناماز جەريانىدا چىقتىمۇ ياكى نامازدىن كىيىن چىقتىمۇ  دەپ شەكلىنىپ قالسا، نامازنى قايتىدىن ئادا قىلىش كېرەك بولمايدۇ". ["شەيخ ئىبنى بازنىڭ نۇرۇن ئەلەددەربى پەتىۋالىرىدىن"].

شەيخ سالىھ ئەلپەۋزاندىن: ئەسىر نامىزنى ئادا قىلىپ، نامازدىن كىيىن ئىچ كىيىمدە نىجاسەتنى تاپسا، نامازنى قايتىدىن ئادا قىلامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: " ئۇ كىشى نامازدا تۇرغاندا ئۆزىدە نىجاسەتنىڭ بارلىقىنى بىلمىسە، بۇ نىجاسەتنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقىنىمۇ بىلمىسە، ئوقۇغان نامىزى توغرا بولىدۇ. چۈنكى ئەسلىدە توغرا بولغان".

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگبچىدۇر.